## 23355 ـ مەست قىلغۇچى ماددىلار سەۋەبىدىن بەزى نامازنى تەرك قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

مەن مەست قىلغۇچى ئىچىملىكتىن ئىچىپ ئەس ـ ھۇشۇمنى يوقاتتىم، شۇ سەۋەپتىن شام، خۇپتەن ھەتتا بامدات نامىزىنىمۇ ۋاقتىدا ئوقۇيالماي، شۇ كۈنى پىشىن نامىزىدىن بۇرۇن ئوقۇدۇم، مەن بۇ ئىشنىڭ مىنى كاپىر قىلىۋىتىدىغانلىقىنى ئوقۇدۇم، مەن ئاللاھ تائالادىن مىنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن، مەن ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىمدىن ھەرگىزمۇ توختاپ قالمايمەن، ئاللاھدىن مىنىڭ مەست قىلغۇچى ئىچىملىك ئىچكەنلىك گۇناھىمنى كەچۈرۈم قىلىشنى تىلەشنى داۋاملاشتۇرىمەن، مىنىڭ بۇ ئىشىم توغرىسىدا ماڭا يول كۆرسىتىشىڭلارنى سورايمەن؟.

مىنىڭ يەنە بىر سوئالىم: ئەگەر مەن ھاراق ئىچىپ نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋىتىش سەۋەبىدىن كاپىر بولغان بولسام، مىنىڭ ئايالىم بىلەن بولغان نىكاھىم باتىل بولامدۇ؟ قايتىدىن نىكاھ قىلدۇرشىم كىرەك بولامدۇ؟ ياكى ئايالىم ئۈچ تالاق بولۇپ كىتەمدۇ؟، بىزنىڭ قايتىدىن يېنىشىۋېلىشىمىز مۇمكىن بولامدۇ؟. ئاللاھ تائالانىڭ مىنى ئەپۇ قىلىشىنى سورايمەن ۋە قىلمىشىمغا بەك پۇشايمان قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاللاھ تائالادىن سىزنىڭ تەۋبىڭىزنى قوبۇل قىلىشىنى ۋە قىلغان تەۋبىڭىزنى سەمىمىيلىك بىلەن قىلىنغان ھەقىقى تەۋبىنىڭ جۈملىسىدىن قىلىشىنى سورايمىز. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ.

سىزنىڭ سوئالدا بايان قىلغىنىڭىز بويىچە ھۇشۇڭىزنى يوقۇتۇپ نامازنى تەرك قىلغانلىقىڭىز ئاللاھ خالىسا سىزنى كاپىر قىلىۋەتمەيدۇ، چۈنكى سىز بۇ ئىشنى قەستەن قىلمىدىڭىز، بۇ سىزنىڭ مەست قىلغۇچى ئىچىملىك ئىچكەنلىكىڭىز سەۋەبىدىن بولدى، بۇ چوڭ گۇناھ بولۇپ، ئاللاھ تائالا سىزنىڭ قىلغان سەمىمى تەۋبىڭىزنىڭ سەۋەبىدىن بۇ گۇناھىڭىزنى مەغپىرەت قىلغاي.

ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانغا ئاساسەن سىز ھازىرمۇ مۇسۇلمان، ئايالىڭىز بىلەن سىزنىڭ ئارىڭىزدا يېنىشىۋالغۇدەك ياكى قايتىدىن نىكاھ قىلدۇرغىدەك ھېچ ئىش يوق.

سىز سەمىمىي تەۋبە قىلغاندىن كېيىن نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭ، نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش، كېچىكتۈرۈش ۋە تەرك قىلىشتىن ھەزەر قىلىڭ، ئاياللىگىز ۋە پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تىرىشىڭ، چوڭ-كىچىك بارلىق خاتالىق ۋە گۇناھ-مەسىيەتتىن قول ئۈزۈپ سەمىمىيلىك بىلەن ئاللاھنىڭ تەرىپىگە قايتىڭ.

ئاللاھ تائالادىن سىزگە ۋە بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا توغرا يول ۋە ھىدايەت ئاتا قىلىشنى سورايمىز، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا تىلەكلىرىمىزنى ئاڭلىغۇچى ۋە دۇئالىرىمىزنى ئىجاۋەت قىلغۇچىدۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.